# بىلال ئەزاننى جۈپ، تەكبىرنى تاق ئېيتىشقا بۇيرۇلدى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە: بىلال ئەزاننى جۈپ، تەكبىرنى تاق ئېيتىشقا بۇيرۇلدى، دېگەن
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەزاننى ئىككى قېتىمدىن ئوقۇشقا بۇيرىدى، چۈنكى ئۇ ئەزان يىراقتىكىلەرگە ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ، ئۇنىڭ دەسلەپتىكى «ئاللاھۇ ئەكبەر» دىن باشقا ئىبارىلىرى ئىككى قېتىمدىن دېيىلىدۇ، باشتىكى تەكبىر « ئاللاھۇ ئەكبەر»نى تۆرت قېتىم، تەۋھىد سۆزىنى بىر قېتىم دېيىش سەھىھ ھەدىستە كەلگەن، يەنە بىلالنى ناماز ئالدىدىكى تەكبىرلەرنى تاق ئېيتىشقا بۇيرىدى، چۈنكى ئۇ يېنىدا بار كىشىلەرگە قارىتىلغان، تەكبىردە «ئاللاھۇ ئەكبەر، قەد قامەتىسسالا» ئىبارىسى ئىككى قېتىمدىن دېيىلىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3307